# ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرنى نېمىگە بۇيرىغان بولسا، مۆمىنلەرنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ئى پەيغەمبەرلەر ھالال نەرسىنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، دېگەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرنى نېمىگە بۇيرىغان بولسا، مۆمىنلەرنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى پەيغەمبەرلەر ھالال نەرسىنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن». [سۈرە مۆئمىنۇن 51-ئايەت]. يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆئمىنلەر بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇزۇن سەپەرگە چىققان چاچلىرى چۇۋۇق ۋە چاڭ توزاڭ بولغان، ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئى پەرۋەردىگارىم، ئى پەرۋەردىگارىم، دەيدىغان بىر كىشىنىڭ مىسالىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىگى ھارامدىن، كىيىم-كېچىكى ھارامدىن، ھارام يېگۈزۈلگەن تۇرسا قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىپ-نۇقسانىدىن پاكتۇر، گۈزەل ۋە مۇكەممەل سۈپەت ئىگىسىدۇر، بەندە ئاللا تائالاغا ھارام يول بىلەن ياكى شۈبھە بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مالنى سەدىقە قىلىش، ئاللاھ يولىدا خىراجەت قىلىش ئارقىلىق، ياكى بۇزۇلغان ئاشلىقلارنى سەدىقە قىلىش ئارقىلىق يېقىنلىشالمايدۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە قانداق بىر نەرسىلەرنى يېيىشنى دۇرۇس قىلغان بولسا، شۇ نەرسىنى مۆئمىن بەندىلىرىگىمۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە نېمىتىگە شۈكۈر قىلغان ئاساستا يېيىشنى دۇرۇس قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بايان قىلىپ: ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆز يولىدا چىقىم قىلغۇچىلاردىن ھالال نەرسىلەرنى چىقىم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە شۇنىڭدەكلا ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمەل-ئىبادەتلەردىن شەرىئەت كۆرسەتكىنىنى ئىخلاس بىلەن قىلىش گۈزەل بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىنى ھارامدىن ئاگاھلاندۇرۇپ بىر كىشىنىڭ مىسالىنى تىلغا ئالغان، ئۇ كىشى ھەج، جىھاد ياكى تىرىكچىلىك يولىدا سەپەر قىلىدىغان، ئىبادەت ئۈچۈن قىلىنغان بۇ سەپەردە چاچلىرى چۇۋۇق، توپا-تەرەت ھالدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرغان ھالدىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈمىد قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ پۇلنى ھارامدىن تاپقان، يېمەك-ئىچمىكىمۇ ھارامدىن بولغانلىق سەۋەبىدىندۇر

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee